## 5976 ـ خىرىستىئان مۇسۇلمانلارنىڭ كاتولىك دىنى ۋە تىنىچلىقتا بىللە ياشاشقا بولغان مەيدانىنى سوراۋاتىدۇ .

### سۇئال

بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ ، سىلەرنىڭ كاتولىك چىركاۋى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭلار قانداق ؟ مەن بىر ئامرىكىلىق . ھەمدە ئىسلام دۆلەتلىرى ماڭا شۇنداق يات كۆرۈنىدۇ . مەن ئۇلار ھەققىدە كۆپ بىلمەيمەن ، بىراق ماڭا مۇسۇلمانلار كاتولىك دىنىنى ئۆچ كۆرىدىغاندەك كۆرىنىدۇ . ئۇلار دىئالوگلىشىشقا ئوچۇقمۇ ؟ سىلەر نىمىشقا ئەيسانىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىشەنمەيسىلەر ؟ ئۇنىڭ ئاللاھقا بولغان مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىنىڭ شۇنداق كاتتىلىقىدىن ، ئۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا چۈشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىچە ، ئۇ بىزنى بارلىق گۇناھلاردىن ساقلايدۇ ئەمەسمۇ ؟ نىمىشقا ئوتتۇرا شەرىقتە شۇنچىۋالا ئۇرۇش بولىدۇ ؟ ئىسلام مەسىيھنىڭ بىر ـ بىرىمىزنى سۆيۈش ھەققىدىكى تەلىماتلىرى ئارقىلىق قۇتقۇزۇش كۈچىنى كۆرمەمدۇ ياكى قوبۇل قىلمامدۇ ؟ سىز ۋە مەن ئىسلام دىنىغا ئەگەشسەك ، ئىنسانلارنىڭ ھەممە ئىشلىرى ياخشى بولۇپ كىتەمدۇ ؟ قېنى جاۋاپ بەرسەڭلار !

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

ئىسلامدا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە دۈشمەنلىك مەيدانىنىڭ بولۇشى بىر ئۇشتۇمتۇت نەرسە ئەمەس ، ئەكسىنچە ، ئۇ پىرىنسىپلار ۋە كۆرسەتمىلەر بىلەن باشقۇرلىدۇ . شۇنداقلا ئۇ ئىسلامنىڭ باشقا بارلىق بەلگىلىمىلىرىگە ئوخشايدۇ . بۇ پىرىنسىپلار ۋە كۆرسەتمىلەر ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدۇ . ئۇ ھەر قانداق كەمچىلىكتىن ئۈستۈن ھەمدە ئەڭ گۈزەل ئىسىملار ۋە يۈكسەك سۈپەتلەر ئۇنىڭغا مەنسۇپ . بىزگە نىسبەتەن بەلگىلىمىلەرنىڭ مەنبىيى بولسا قۇرئان ۋە دەلىللەنگەن ساغلام سۈننەت . قۇرئان ۋە سۈننەت ئىنىق ئەقىدە ۋە ئىدىئولوگىيەنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ ، ئۇ بولسا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ، ۋە مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئىمامى دەپ گۇۋاھلىق بىرىش ئۈستىگە قۇرۇلغان ئاللاھنى بىر بىلىش ( تەۋھىيد) ئەقىدىسى . بىز ئاللاھقا بولغان ئىبادەتكە باشقا ئىلاھلارنى شېرىك قىلمايمىز . بەلكى بىز ئۇنى ئىلاھلىقدا ، پەرۋەردىگارلىقدا ،ۋەئۇنىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىدە بىر دەيمىز . بىز ئۇنىڭ جۈپتى ياكى ئوغلى بار دەپ دەۋا قىلمايمىز . بىز ئاللاھنى دوست تۇتقۇچىنى دوست تۇتىمىز ، ئۇنى دۈشمەن تۇتقۇچىنى دۈشمەن تۇتىمىز . ئۇنى تىللىغۇچىنى ، ئۇنىڭغا خوتۇن ياكى بالىنى مەنسۇپ قىلغۇچىنى ئۆچ كۆرىمىز . چۈنكى ئاللاھ تەنھا ، بىر ۋە ھەممىدىن بىھاجەت . بالىسى بولمىغان ۋە تۇغۇلمىغان ، ھەمدە ئۇنىڭ رەپىقىسى ياكى بالىسى يوق . ئۇ پاكتۇر . قانداقسىگە ئۇنىڭ بالىسى بولسۇن؟ ئاسمانلاردىكى ۋە زىمىندىكى ھەممە نىمە ئۇنىڭغا تەۋە تۇرسا ! ئۇنىڭ شېرىكى يوق . ئۇ ئىنسان مۇھتاج بولغاندەك ، بالىغا مۇھتاج ئەمەس . ھەمدە ئۇ دادىنى ۋە ئۇنىڭ بالىسىنى ياراتقۇچى . مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئەگىشىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ بەلگىلىمە ۋە ھۆكۈملەردە تاللىشى يوق . بەلكى ئۇلار ئاللاھنىڭ قانۇن ـ بەلگىلىمىلىرىگە چىڭ يېپىشقۇچىلار . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : الله ۋة ظذنعث

صـةيغةمبعرع بعرةر ظعشتا هأكم حعقارغان حاغدا،ظةر – ظايال مأمعنلةرنعث ظأز ظعشعدا ظعختعيارلعقع بولمايدذ(يةنع الله ؤة الله نعث صـةيغةمبعرع بعرةر ظعشتا هأكم حعقارغان ظعكةن،هئح ظادةمنعث ظذنعثغا مذخالعصةتحعلعك قعلعشعغا بولمايدذ),كعمكع الله غا ؤة ظذنعث صـةيغةمبعرعضة ظاسعيلعق قعلسا ،هةقعقةتةن ظذ ظوصظوحذق ظازغان بولعدذ .

[ ئەھزاب( قوشۇنلار) : 36 ]

ھەمدەبۇ ئەھكاملارنىڭ بىرى بولسا ئاللاھ ئۇچۇن سۆيۈش ۋە ئاللاھ ئۇچۇن نەپرەتلىنىش .

بىراق ، يەنە مۇسۇلمانلار بىلەن دىئالوگلىششقا كەڭرى سورۇن بار . بەلكى ئاللاھ كىتابىدا پەيغەمبەرنى( ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇممىتىنى يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلاردىن ئىبارەت كىتاپ كىشىلىرى بىلەن مۇنازىرە ، دىئالوگ ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن : « ظع ظةهلع كعتاب!(يةنع يةهذدعيلار ؤة ناسارالار) صـةقةت الله غعلا ظعبادةت قعلعش،الله غا هئح نةرسعنع شئرعك كةلتىرمةسلعك،الله نع قويذص بعرـ بعرعمعزنع خذدا قعلعؤالماسلعقتعك هةممعمعزضة ظورتاق بولغان بعر سأزضة(يةنع بعر خعل ظةقعدعضة ) ظةمةل قعلايلع دئضعن،ظةضةر ظذلاريبز ظأرسة(يةنع بذنع قوبذل قعلمعسا): (ظع يةهذدعيلار ؤة ناسارالار جاماظةسع!)بعزنعث مذسذلمان ظعكةنلعكعمعزضة ضذؤاه بولذثلار .

[ ئال ئىمران ( ئىمران ئائىلىسى ) : 64 ]

ھەمدە بىز ئەيسانىڭ ( ئۇنىڭغا ئامانلىق بولسۇن) ئاللاھ تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئەلچى پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىمىز ، بىراق خىرىستىئانلار دەۋا قىلغاندەك ئەيسانى بىر ئىلاھ ياكى پەرۋەردىگار قىلىۋېلىشتىن بىزنى خۇدا ساقلىسۇن ! ھەمدە ئەلچى بىلەن ئەلچىنى ئەچەتكۈچىنىڭ ( يەنى ئاللاھنىڭ ) ئارىسىنى ، ۋە ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەيمىز . ئاللاھ مۇنداق دېگەن : « .ظأز ؤاقتعدا الله ظئيتتع: ظع مةريةم ظوغلع ظعسا ! سةن كعشعلةرضة،الله نع قويذص مةن بعلةن ظانامنع ظعككع ظعلاه قعلعؤئلعثلار،دئدعثمذ؟ ظعسا ظئيتتع:« (رةببعم!)شةنعثضة لايعق ظةمةس نةرسعلةردعن سئنع صاك دةص ظئتعقاد قعلعمةنكع،ماثا ظئيتعشقا تئضعشلعك بولمعغان سأزلةرنع مةن ظئيتمايمةن،ظةضةر مةن بذ سأزنع ظئيتقان بولسام،ظذنع سةن حوقذم بعلعسةن(يةنع مئنعث ظذنداق دئمعضةنلعكعم ساثا مةلذملذق).سةم مئنعث زاتعمدعكعنع بعلعسةن،مةن سئنعث زاتعثدعكعنع بعلمةيمةن،غةيبلةرنع ناهايعتع ظوبدان بعلعسةن116.مةن ظذلارغا صةقةت سةن مئنع ظئيتعشقا بذيرذغان سأزنع،يةنع مئنعث صةرؤةردعضارعم ؤة سعلةرنعث صةرؤةردعضارعثلار بولغان الله غا ظعبادةت قعلعثلار،دئدعم.مةن ظذلارنعث ظارعسعدا بولغان مذددةتتة،ظذلارنعث ظةمةللعرعنع كأزعتعص تذرغان ظعدعم،مئنع قةبزع روه قعلغعنعثدعن كئيعن،ظذلارنعث ظةمةللعرعنع سةن كأزعتعص تذرغان ظعدعث،سةن هةممة نةرسعدعن خةؤةردارسةن ».

[ مائىدە( داستىخان) : 116–117 ] ، ھەمدە ئى سۇئال سورىغۇچى ئاللاھ سىزگە ۋە سىزنىڭ ھەمراللىرىڭىزغا گەپ قىلىۋاتىدۇ ، ناۋدا ئاۋاز قوشىسىڭىز بەختلىك بولىسىز ـ : « ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى ناسارالار جامائەسى) دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، الله نىڭ شەنىگە ھەق (س?ز) دىن باشقىنى ئېيتماڭلار (يەنى الله غا شېرىكى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار). مەسىھ ئىسا ـ مەريەمنىڭ ئوغلى، پەقەت الله نىڭ رەسۇلىدۇر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك الله نىڭ ئوغلى ئەمەستۇر)، مەريەمگە

الله نىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر (يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز، الله نىڭ ۋۇجۇدقا كەل دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر)، الله تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر، الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، (الله ئىسا، مەريەمدىن ئىبارەت) ئۈچتۇر دېمەڭلار، (خۇدا ئۈچ دەيدىغان ئېتىقادتىن) قايتىڭلار، (بۇ) سىلەرگە پايدىلىقتۇر، الله پەقەت بىر ئىلاھتۇر، بالىسى بولۇشتىن الله پاكتۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭ دۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر) الله يېتەرلىك ھامىيدۇر .» [ نىسا( ئايالالار) : 171 ]

ھەمدە ئىسلام بولسا يول كۆرسىتىش ، رەھىم-شەپقەت ۋە مۇھەببەت دىنى . لېكىن خەلىقلەر باركى ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلەرگە توغرا يولنى يەتكۈزىشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ ، ئۇلارنى ئۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ . مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزمەي تۇرۇپ ، ھېچكىم بىلەن ئۇرۇش قىلمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنى تاللاشقا قويىدۇ ، بىرىنچىسى : ئىسلامنى قوبۇل قىلىش . ئىككىنچىسى : ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلماي ئۆز دىنلىرىنى ساقلاپ قالسا ، ئۇلارنى قوغداش بەدىلىگە مۇسۇلمانلارغا جىزيە تۆلەش . ئەگەر ئۇلار بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسىنى قوبۇل قىلمىسا ، ئۇنداقتا ئۇرۇش .

بىز مۇسۇلمانلار ئۇرۇش قىلساق ، پەقەت بەندىلەرنى بەندىلەرگە ئىبادەت قىلىشتىن دۇنيالارنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەمدە ئۇلارنى بارچە دىنلارنىڭ ناھەقچىلىقىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە ۋە بۇدۇنيانىڭ قىسىنچىلىقىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ مولچىلىقىغا يۆتكەش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز .

ھەمدە بىز ئەيسا( ئۇنىڭغا ئامانلىق بولسۇن) نىڭ ئۆلمىگەنلىكىگە ھەمدە ئاللاھنىڭ ئۇنى ئۆز تەرىپىگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ زامان ئاخىرىدا دۇنياغا چۈشىدىغانلىقىغا ، ئىسلام بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز . ئۇ ھەقتە پەيغەمبەر( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دېگەن : ئەيسا دەمەشىققە ، ئاق منارەنىڭ قېشىغا چۈشىدۇ . [ ئۇنى ئەبۇ داۋۇد نەقىل قىلغان ، 4117 . ئۇنى ئەلبانىي سەھىيە دېگەن ،]

ئىسلام ئىلگىرى كەلگەن ئەلچىلىكلەرنى بىكار قىلىدۇ . ھەمدە ئاللاھ ئۆمرىدە ئىسلامنى بىلىشكە ئۈلگىرەلىگەن ھەر قانداق ئادەمدىن ئۇنىڭدىن باشقا دىننى قوبۇل قىلمايدۇ . ئەگەر كىشىلەر دۇنيالارنىڭ پەرۋەردىگارىغا بويسۇنسا ، ئەلچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەدكە( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئەگەشسە ھەمدە يارام ئىشلارنى قىلسا ، ئۇنداقتا ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ ھەمدە ئۇلارنى بۇدۇنيا ۋە كېيىنكى دۇنيادا ياخشى ھاياتتىن بەھرىمەن قىلىدۇ . ئۇ مۇنداق دېگەن : ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز . [ نەھىل( ھەسەلھەرىسى ) : 97 ]

سۇئالىڭىزغا دەل جاۋاپ بەرگەن بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىمىز . بىز ئاللاھتىن ھەممىمىزنى ھەقىقەتكە ئەگىشىشكە يېتەكلىشىنى سورايمىز . ھەمدە تىنچلىق توغرا يولغا ئەگەشكۈچىلەرگە بولسۇن .

پېشىۋا مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد